# 299713 - كىشلەرنىڭ ساغلىق مەركىزىگە بىرىشى ئۈچۈن كىچىك باللارغا ۋاكسىنا ئۇرۇش ئىشنى مەسچىتتە ئېلان قىلىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

بىزنىڭ يۇرتتا يوقالغان نەرسلەرنى ئىزدەش، كىچىك باللارغا ۋاكسىنا ئۇرۇش ۋە باشقا ئىشلارنى مەسچىتتە جۈمە كۈنى مۇنبەردە، باشقا ۋاقىتلاردا مىكرىپۇندا ئېلان قىلىدۇ، ئىمام جۈمە كۈنى ئىككىنچى خۇتبىنى باشلىغاندا كىشلەرنى مەسچىتنى ئىسلاھ قىلىش ياكى ئىئانە توپلاش ساندۇقى ياكى باشقا ئىشلار ئۈچۈن ئىئانە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بىرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: مەسچىتتە يوقاپ كەتكەن نەرسنى سوراش ياكى تونۇشتۇرۇش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى مەسچىت دىگەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىنا قىلىنمىغان، ھەقىقەتەن مەسچىت دىگەن ئاللاھنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن بىنا قىلىنغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: **«مەسچىتتە يوقالغان نەرسىسنى سوراۋاتقان كىشنى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا: ئاللاھ يوقالغان نەرسەڭنى قايتۇرۇپ بەرمىگەي، مەسچىت بۇنىڭ ئۈچۈن بىنا قىلىنمىغان دىسۇن»**. [مۇسلىم رىۋايىتى 568-ھەدىس].

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى مەسچىتتە: قىزىل تۆگە كۆرگەنلەر بارمۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: **«تۆگەڭنى تاپالمىغايسەن، ھەقىقەتەن مەسچىت بۇنىڭ ئۈچۈن بىنا قىلىنمىغان دىدى»**. [مۇسلىم رىۋايىتى569-ھەدىس].

ئىبنى ئابدۇلبەر رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ تائالا مەسچىتلەرنى ئاللاھنى زىكىر قىلىش بىلەن ئاۋازىنى كۆتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنغان ئۆيلەر دەپ ئاتىدى، بۇ ئۆيلەردە ئەتتىگەن-ئاخشامدا ئاللاھنىڭ نامى زىكىر قىلىنىدۇ، تەسبىھ ئېيتىلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا نەرسلەردىن پاك تۇتۇش تەلەپ قىلىنىدۇ". ["ئەلئىستىزكار"2-توم 368-بەت].

بۇ ھەقتە تولۇق مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن 145198- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئىككىنچى: كىشلەرنى مەسچىتلەرگە ياردەم قىلىشقا، پېقىر-مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىش ۋە ئەسلىتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭغا مەسچىتتە دەۋەت قىلسا، ئىمام خۇتبە، ۋەز-نەسىھەت ئارىسىدا كىشلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرسە بولىدۇ، بۇمۇ كىشلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنبەردە تۇرۇپ كىشلەرنى سەدىقە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. مۇنزىر ئىبنى جەرىر دادىسىدىن بايان قىلغان ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: بىز بىر كۈنى ئەتتىگەندە پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، تۇيۇقسىز پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ قېشىغا كۆپچىلىكى ياكى ھەممىسى مۇزەر قەبىلىسىدىن بولغان يالاڭ ئاياق، يىرتىق تېرىلەرگە ئورانغان، قىلىچلىرىنى ئېسىۋالغان بىر جامائەت كەلدى، ئۇلارنىڭ كەمبەغەل-بىچارىلىكىنى كۆرۈپ پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ چىرايى ئۆزگەردى، ئۆيگە كىردى-چىقتى، بىلالنى ئەزان ئوقۇشقا بۇيرىدى، تەكبىر ئېيتتى ناماز ئوقۇدى، ئاندىن كىشلەرگە خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېدى: **«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر جاندىن ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار»** نىسا سۈرىسى 1-ئايەتنى ئوقۇدى، ھەشىر سۈرىسىدىن 18-ئايەتنى ئوقۇدى، كىشلەر ئۆزلىرىنىڭ تىللا، تەڭگە، كىيىم-كېچەك، بۇغداي، ئارپا ۋە خورما قاتارلىق يېمەكلىكلىرىدىن سەدىقە قىلدى، ھەتتا يېرىم تال خورمىغىچە نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى، ئەنسارىلاردىن بىرى ئاران كۆتۈرۈپ بىر قاپ خورما ئېلىپ كەلدى، ئاندىن كىشلەر ئارقىمۇ-ئارقا سەدىقىلەرنى ئېلىپ كەلدى، ھەتتا يېمەكلىك ۋە كىيىم-كېچەكلەردىن ئىككى دۆۋە بولغانلىقىنى كۆردۈم، پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ چىرايىنىڭ خۇرسەنلىكتىن نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىنىمۇ كۆردۈم. پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى: **«كىمكى ئىسلام دىنىدا بىر ياخشى ئىشنى يولغا قويىدىكەن، ئۇ كىشگە ئۇ ياخشىلىقنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمەل قىلغان بارلىق كىشلەرنىڭ ئەجىر-ساۋابى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئەجىر-ساۋابىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ. كىمكى ئىسلام دىنىدا بىر يامان ئىشنى يولغا قويسا ئۇ كىشگە ئۇ يامانلىق گۇناھى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يامانلىقنى قىلغان كىشلەرنىڭ گۇناھى يۈكلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ گۇناھى كېمەيتىلمەيدۇ»**.

ئۈچىنچى: مەسچىتتە دەرس ئۆگىتىش، ۋەز-نەسىھەت قىلىش، ئىلمى سۆھبەت ئېلىپ بېرىش قاتارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئالاقدار بولغان ئومۇمى ئىشلارنى گەرچە ئۇ ئىشلار باشقا جايلاردا بولسىمۇ ئېلان قىلسا ياكى ئاگاھلاندۇرۇش بەرسە توغرا بولىدۇ، كىچىك باللارغا ۋاكسىنا ئۇرۇش، كېسەللىكتىن ساقلاش ئىشىمۇ مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك بولغان ئومۇمى ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ، سالامەتلىكنى ئاسراش ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسىدىدىندۇر، ئەگەر ئېلان قىلىپ، ئاگاھلاندۇرۇش بېرەلمىگەندە، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن كېسەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

مەسچىتتە شەخسى ئىشلارنى، دۇنيالىق سودا-سېتىق ياكى يوقالغان نەرسىلەرنى سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى ئېلان قىلىش چەكلىنىدۇ. بۇ توغرىدا 112044-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.